# 100 يىلدىن بۇيان ياش قەلبلەر پارتىيەگە تەلپۈندى يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلاندى

(بېشى 2 - بەتتە)

لېي فېڭ نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان خۇشخۇي يىگىت بولۇپ، پارتىيەگە سادىق، ئومۇم ئۈچۈن خالىس مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇ ساپ ئېتىقادى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق «جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»نى كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ھەربىر بېتىگە يازدى.

«لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش» «جاڭ خەيدىدىن ئۆگىنىش» «قەھرىمان ئۆسمۈر لەي نىڭدىن ئۆگىنىش»... ياشلار قوزغىغان بۇ ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيە پائالىيەتلىرى ياشلار ئارىسىغا كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى تارقاتتى، ئىدىيەدىكى ئېزىتقۇ تۇمانلارنى تاراتتى، ئىلگىرىلەش نىشانىنى چېكىتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەس مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى.

ھەر خىل ئىدىيە دولقۇنلىرىنىڭ كەسكىن توقۇنۇشى ئالدىدا، ياشلار «كۆرەش قىلغان ياشلىق ئەڭ گۈزەل» «ئېتىقاد بىلەن سۆزلىشىش» «مەن دۆلەت بايرىقى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشىمەن» «مەن يادرولۇق قىممەت قارىشىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىمەن» قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوزغاپ، ئۆزلىرىنىڭ «كىشىلىك ھاياتتىكى تۇنجى تۈگمىسىنى ياخشى ئېتىش» مۇساپىسىدە يېڭىدىكى كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈشى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىگە تەسىر كۆرسەتتى، يېتەكلىدى.

بۇلارلا ئەمەس، قاراڭ، «ئانا دەرياني قوغداش ھەرىكىتى» — ئىنسانلارنىڭ كۆز يېشىنى يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق، «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى» — يېمەكلىك ئىسراپچىلىقىنى توسۇش، «ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئاپتوموبىل ھەيدىمەسلىك»... بۈيۈك ئەقىل - پاراسەت مۇجەسسەملەنگەن بۇ كىچىك ئىجادىيەتلەر ھەممىمىزنىڭ مەدەنىيلىك تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، شۇنداقلا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيلىك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

## ■ جەڭ سەپىرىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش — كۆرەش قىلىش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش

شەمشەرنى بىلىگەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، مېيخۇا گۈلى قەھرتان سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەندە خۇش پۇراق چاچىدۇ.

بىر ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ سەھنىسىدە قەھرىمانلار، ئىختىساسلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. «كۆرەش قىلىش» قويۇق كەيپىياتى ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر سىڭىپ، ئۆزگىرىپ باقمىدى.

بېشىغا ئالغا بېسىش قالپىقى كىيگەن، ئۇچىسىغا قوي تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن، قولىدا تورمۇز تۇتقان، كۆزىدىن قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ھەيكەل ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشى خاتىرە سارىيىغا كىرگىنىڭىزدە، گرانىت تاشتىن ياسالغان غايەت زور ھەيكەل ئالدى بىلەن كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ، خۇددى قۇلاق تۈۋىڭىزدە: «نېفىت ئىشچىلىرى بىر تۈۋلىسا، يەر شارىمۇ ئۈچ قېتىم تىترەيدۇ!» دېگەن دەبدەبىلىك سۆزلەر جاراڭلىغاندەك بولىدۇ. 1958 - يىلى، دەل مۇشۇنداق روھ بىلەن 35 ياشلىق «تۆمۈر ئادەم» ۋاڭ جىنشى ئىشداشلىرىنى باشلاپ ئايلىق بۇرغىلاش چوڭقۇرلۇقىنى 5009 مېتىرغا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇرغىلاشتىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتتى.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەۋر دولقۇنىدا باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقانلاردىن يەنە ۋاڭ چىمىن، لى شىنمىن...لار بار. «تۆمۈر ئادەم» روھى دەۋرنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلمەكتە.

1982 - يىلى، خاڭجوۋ شياۋشەندە، مىڭ كىشىلىك يىغىندا مەركەزنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، «يېزا - بازار كارخانىلىرى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويسا بولىدۇ» دېيىلدى، سەھنىنىڭ تۆۋىنىدە شۇ زامان بىرەيلەن: «مەن ھۆددىگە ئالىمەن!» دەپ توۋلىدى، ئۇ 37 ياشلىق لۇ گۇەنچيۇ ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قۇرغان ۋەنشياڭ گۇرۇھى تەرەققىي قىلىپ يىللىق تىجارەت كىرىمى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىغا ئايلاندى.

ئەرشكە چىققانلار ئاينىمۇ ئۈزۈۋالالايدۇ، تيەنگۇڭدا تۇرغانلار غالىب كېلىدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، تيەنگۇڭ، ۋۇكۇڭ، موزى، خۇيىيەن قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان كىچىك سەييارە قاتارلىق ئالەم بوشلۇقىدىكى جۇڭگوغا تەۋە ئىزنالار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئالەم ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى جۇڭگو ئېگىزلىكىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىدى... كىشىنى پەخىرلەندۈرىدىغان بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئارقىسىدا، ئالدىنقى سەپتىكى تەتقىق قىلىپ ياساش ئەترىتىدىكى ياشلار كەم بولسا بولمايدىغان جانلىق كۈچكە ئايلاندى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالىنى باھالاش، جۇڭگو ياشلىرى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ياخشى ياشلارنى نامزاتلىققا تاللاپ كۆرسىتىش پائالىيىتى قاتارلىقلار زور بىر تۈركۈم ياش ئۈلگىلەرنى بايقاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، بۇ توپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە گۇۋاھ بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئالاقە تورى دەۋرى ياشلارنى تېخىمۇ كۆپ كۆرەش قىلىش بوشلۇقىغا، تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئالدىنقى بىر تور دەۋرىدە 26 ياشلىق دىڭ لېي ۋاڭيىنى قۇردى، 27 ياشلىق ما خۇاتېڭ تېڭشۈننى قۇردى، 32 ياشلىق جاڭ چاۋياڭ سوۋخۇنى قۇردى، 35 ياشلىق ما يۈن ئالى بابانى قۇردى... كېيىنكى تور دەۋرىدە، بىزنىڭ شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچىمىز باركى، تېخىمۇ كۆپ كۆرەش قىلغۇچىلار يولدا بولۇپ، ئۇلار پات ئارىدا نەتىجە يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن جاھان كېزىدۇ.

## ■ تاغ - دالىدا ھەممە گۈل ئېچىلغان پەسىلدە — تەقدىم قىلىش روھىنى نامايان قىلىش

«قىسىم شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، پارتلاتقۇچنى يۈدۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، يېشىمنى يالغان مەلۇم قىلىپ جەڭ مەيدانىدا پارتىيەگە كىردىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، زەربىدارلار بەنگە قاتنىشىش، پارتلاتقۇچنى يۈدۈش كومپارتىيە ئەزالىرىدىلا بولىدىغان 〈ئىمتىياز〉 ئىدى.» بۇ بىر پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ پارتىيەگە كىرىش ئەسلىي مەقسىتى ئۈستىدە توختالغاندىكى سەممىي سۆزى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان ساپ ھېسسىيات سىڭگەن.

تۆھپىدە مەن بولمىسام بولىدۇ، تۆھپە قوشۇشتا مەن بولمىسام بولمايدۇ.

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، كىشىنى چەكسىز ئازابقا دۇچار قىلىدىغان بىر كۈن بولدى: لياڭشەندىكى ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، دۇنياغا ئەڭ ئاخىرقى «ئەڭ گۈزەل تەتۈر يۈرۈش»نى قالدۇردى.

ئېسىمىزدە بولسۇن، تىنچلىق يىللىرىدا ياشلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئوت مۇداپىئە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى قۇربان بولغانلار ئەڭ كۆپ توپ بولۇپ، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر.

ئەنخۇي جىنجەيدە «مەن ئوقۇيمەن» دەپ تەلمۈرگەن گۈزەل بىر جۈپ كۆز كىشىلەرنىڭ يېزىلاردىكى ئوقۇشسىز قالغان باللارغا بولغان دىققىتىنى قوزغىدى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. 2018 - يىلغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۈمىد قۇرۇلۇشى جەمئىي 15 مىليارد 23 مىليون يۈەن ئىئانە قوبۇل قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار 5 مىليون 949 مىڭ ئوقۇغۇچىغا مەبلەغ ياردىمى بەردى، ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 20 مىڭ 110نى، ئۈمىد ئاشخانىسىدىن 6236نى ياردەم قىلىپ قۇردى. ئۈمىد قۇرۇلۇشى كۈتۈپخانىسىدىن 31 مىڭ 109نى ياردەم قىلىپ قۇردى، 114 مىڭ 306 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلىدى.

تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۈمىد قۇرۇلۇشى مېھىر - شەپقەت روھىنىڭ خۇددى ماماكاپ ئۇرۇقىغا ئوخشاش شامالغا ئەگىشىپ چېچىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى.

سۇڭ فېي تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى بولغان ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 100 شەخس» نامزاتلىقىغا تاللانغان ياش ناخشىچى. 1994 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان ئون نەچچە يىلدا، ئۇ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، 183 نامرات بالىغا مەبلەغ ياردىمى بەردى، 37 يېتىم بالىنى بېقىۋالدى، ئۆزى ئىنژىل ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈردى، ھەتتا راك كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىۋەتتى. كېسەل ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ كەتكەندىلا، نۇرغۇن كىشى ئاندىن ئۇنىڭ يەنە بىر سالاھىيىتى — ياش پىدائىي ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى «نياۋچاۋدىكى بىر ئەۋلاد»، گۇاڭجۇ ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى «لۈياڭياڭ»، نەنجىڭ ياشلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى «شياۋچىڭنىڭ»، 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدىكى «شياۋچىڭخې»، دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنىدىكى «شياۋۋۇتۇڭ»...ھەر قېتىملىق چوڭ تىپتىكى مۇسابىقىلەردە ياش پىدائىيلار قىزغىن كەسپىي مۇلازىمىتى ۋە تولۇپ تاشقان ياشلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئەڭ يارقىن مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى غەربىي رايون پىلانىنىڭ ئومۇمىي يولغا قويۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 300 كىشىگە يەتتى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن جەمئىي 290 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇددىتى توشۇپ غەربىي رايوندىكى ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتقان ياش پىدائىيلار 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. «ئىللىق قىش ھەرىكىتى»، «رەھىمدار دەم ئېلىش مەزگىلى» پائالىيىتى، چەت ئەللەردىكى مۇلازىمەت پىلانى، «مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش قۇياش نۇرى ھەرىكىتى» قاتارلىق تۈرلەر ئەۋج ئالدى، پىدائىيلار روھى ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكى ياشلار ئارىسىدا بىخ سۈرۈپ يوپۇرماق چىقاردى.

ياشلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يانغىن چوغى، جۇڭگو بىناسىنىڭ داتلاشماس پولات مىخى، جۇڭگو ھېكايىسىنىڭ ياشلىق ئىزاھاتى بولۇشقا مۇناسىپ!

ياشلار روناق تاپسا، دۆلەت گۈللىنىدۇ؛ ياشلار كۈچەيسە، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. چاقىرىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى تاپشۇرۇقى قۇلاق تۈۋىمىزدە ئۈزلۈكسىز ياڭرىدى: «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، بارلىق قىيىنچىلىق، خەتەرلىك توسالغۇلارغا قەتئىي قورقماي يۈزلىنىپ، دولقۇن يېرىپ ئېلىشىش داۋامىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش داۋامىدا زېمىن ئېچىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا نەتىجە يارىتىپ، ياشلىق باھارى ۋە تەرى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىشى كېرەك!»

ئۆتكەن 100 يىلدا، بىز مىللىي مۇستەقىللىق، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بېيىپ - قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ھازىر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەۋاتىمىز...

يېڭى دەۋردە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز... 2035 - يىلى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىمىز؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىمىز... بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى دەۋردىكى ياشلارنىڭ قولىدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

100 يىلدىن بۇيان ياش قەلبلەر پارتىيەگە تەلپۈندى، يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلاندى. بۈگۈن، بىز جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇق، تېخىمۇ ئىشەنچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بار، بۈگۈن، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ مۇستەھكەم، جەڭگىۋارلىقىمىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# 4 - ماي روھىنى يېڭى دەۋردە يېڭى نۇر چاچقۇزايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

كەڭ ياشلارنىڭ يېڭى دەۋرگە پائال قۇچاق ئېچىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەتئىي ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى، بۇ، بىزنىڭ يېڭى دەۋردە ئۇلۇغ 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

4 - ماي ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم، زور ۋەقە، 4 - ماي روھى 4 - ماي ھەرىكىتى ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق. ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زور بولغان ئىنتايىن خەۋپلىك ۋەزىيەتنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ ئىدىيەنى ئويغىتىش ئۈچۈن، تارىخ ساداسى ياڭرىتىلدى. مىللەت خەۋپ - خەتەردە قالغان پەيتتە پارتلىغان 4 - ماي ھەرىكىتى بىر مەيدان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابىي ھەرىكەت، ئۇلۇغ ئىدىيەدە ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش، دېموكراتىيە، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت ئۇلۇغ 4 - ماي روھىنى يېتىلدۈرۈپ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى، ئۇ يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىش تارىخىي مۇساپىسىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

4 - ماي ھەرىكىتىنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئىشلىرىدا يېتەكچى ئىدىيەگە ئايلاندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ مىللىي مۇستەقىللىق، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك تارىخىي ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى، سوتسىيالىزم جۇڭگودا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتتى ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن تۇرۇشتىن، بېيىپ قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بۈگۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى 170 يىلدىن ئارتۇق كۆرەش تارىخى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 90 يىلدىن ئارتۇق كۆرەش تارىخىدا تۇرۇپ، 4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۈچ چوڭ ئابىدىگە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشقا قايتا نەزەر سالساق، بىز 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يۈكسىلىشىدە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلالايمىز، 4 - ماي روھىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چۈشىنەلەيمىز.

ياشلار روناق تاپسا دۆلەت گۈللىنىدۇ، ياشلار كۈچەيسە دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. 4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇيانقى 100 يىل جۇڭگو ياشلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلىگەن 100 يىل، جۇڭگو ياشلىرى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان جۇڭگو، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن 100 يىل. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىرادىلىك ياشلار «ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان ئائىلە، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان دۆلەت، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان مىللەت، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان ئىنسانىيەت، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان يەرشارى، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان ئالەمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى»، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بوران - چاپقۇنلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، گۈللىنىشكە قاراپ ماڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ياشلىق مېلودىيەلىرىنى ياڭراتتى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر چۈشەندۈرىدۇكى، ياشلار پۈتكۈل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كۈچ، دۆلەتنىڭ ئۈمىدى ياشلاردا، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ياشلاردا. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باش تېمىسى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ بۇرچى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن بىللە 〈ئىككى 100 يىل〉لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت.» كەڭ ياشلار 4 - ماي روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش بىلەن پۇختا قەدەم بېسىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەخسىي غايىسىنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە يۇغۇرۇپ، دەۋر يۈكلىگەن شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ ياشلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىشى كېرەك.

4 - ماي روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىدا، ھازىرقى زامان ياشلىرى ئائىلە دۆلەتكە بولغان مۇھەببەتنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەن بىلەن بىللە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى 4 - ماي روھىنىڭ يادروسى، مىللىي روھىمىزنىڭ يادروسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى، توختىماي ئىلگىرىلىشىدىكى مەنىۋى رىشتە. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك باشتىن - ئاخىر مىللەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىردا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا قوشۇلىدۇ؛ ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن پارتىيەنىڭ تەقدىرى، سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى زىچ مۇناسىۋەتلىك. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى دەل ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن پارتىيەنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنىڭ يۈكسەك بىرلىككە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت.» «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگونىڭ ئەڭ يارقىن دەۋر باش تېمىسى. كەڭ ياشلار بۇ دەۋر باش تېمىسى بىلەن بىر مەقسەت، بىر يۆنىلىشتىكى غايە - ئېتىقادىنى تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يېتىلدۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۇلۇغۋار ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشى جەريانىغا ئاڭلىق يۇغۇرۇپ، تىرىشىپ سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىدىن بولۇشى، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

4 - ماي روھىنىڭ ئىلھامىدا، ھازىرقى زامان ياشلىرى بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن بىللە كۆرەش قىلىشى كېرەك. خەلق بىلەن بىللە كۆرەش قىلغاندا، ياشلىق باھارىنى ئاندىن جۇلالاندۇرالايدۇ؛ خەلق بىلەن بىللە ئىلگىرىلىگەندە، ياشلىق باھارىنى ئاندىن ئۇرغۇتالايدۇ؛ خەلق بىلەن ئورتاق ئارزۇدا بولغاندا، ياشلىق باھاردا ئاندىن پۇشايمان بولمايدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھازىرقى زامان جۇڭگو ياشلىرى نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، جەزمەن خەلقنىڭ ئۇلۇغ كۈرىشىگە قاتنىشىشى كېرەك.» بۈگۈن، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەم تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان تېپىلغۇسىز كىشىلىك ھايات پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتە، ھەم «زىممىگە مۇھىم، زور مەسئۇلىيەت يۈكلەندى» دەيدىغان دەۋر بۇرچىغا دۇچ كەلمەكتە. كەڭ ياشلار پەقەت ئۆزىنى ۋەتەن، خەلقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملۇق ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، دەۋر بىلەن قەدەمداش، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلىك ھايات قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، كىشىلىك ھايات مەنزىلىنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ، ۋەتەننىڭ بىپايان ئاسمىنىدا ياشلىق باھارى ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرالايدۇ.

100 يىللىق دەۋر ئۆزگىرىشلىرىدە، ئۆزگەرمىگىنى روھ؛ 100 يىللىق مىسلىسىز ئۆزگىرىشتە، ئالجىزلاشمىغىنى ياشلىق. بۈگۈن، 4 - ماي روھىنى يېڭى دەۋردە يېڭى نۇر چاچقۇزۇش 4 - ماي ھەرىكىتىگە بولغان ئەڭ ياخشى خاتىرىلەشتۇر. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ياشلىق قىزغىنلىقىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ياشلىق غايىمىزنى قوغلىشىپ، يېڭى دەۋرگە قۇچاق ئېچىپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ياشلىق جاسارىتىمىزنى نامايان قىلىپ، كۆرەشكە ئاتلىنىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولىنى ئېچىپ، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ياشلىق باھارىمىزنى ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش داۋامىدا تېخىمۇ يارقىن جۇلالاندۇرايلى!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)